(بېشى 7 - بەتتە)

«تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى، پارتىيەمىز يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ بېكىتكەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يېڭى تەدبىرى، يېڭى دەۋر شارائىتىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى. بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئېھتىياجىدىن چىقىرىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئارزۇسىدىن چىقىرىلغان، شۇنداقلا بىز دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىن چىقىرىلغان. پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 -، 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنلىرىدا ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا داۋاملىق مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى تاماملىدى.

«تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىدا ھەم ئىستراتېگىيەلىك نىشان، ھەم ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر بار، ھەربىر «ئومۇمىيۈزلۈك» ئارىسىدا قويۇق ئىچكى مەنتىقە بار بولۇپ، بىر ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەلىك نىشان بولۇپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىچىدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرمىساق، تەرەققىياتتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كەم بولۇپ قالىدۇ، جەمئىيەتنىڭمۇ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلمىساق، دۆلەتنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپلىك يۈرۈشمەيدۇ، ئىجتىمائىي ئىناقلىق، مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ تەسكە توختايدۇ. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلمىساق، پارتىيە «بازغانچىنىڭ بىلى جەزمەن چىڭ بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئورۇندىيالمايدۇ، رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ تەسكە توختايدۇ. «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئارىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۇلارنى ئىچكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەنتىقىسى مۇناسىۋىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسى سۈپىتىدە ئىگىلىسەك ۋە چۈشەنسەك، بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر - بىرىگە نەپ يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(22) يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تەلىپىگە قارىتا، جەزمەن مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى مەھكەم تۇتۇشتا تەۋرەنمەسلىك، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرنى مەھكەم تۇتۇشتا بوشىشىپ قالماسلىق كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي، ئىلغار مەدەنىيەت، ئىناق جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇشتا، خەلقنىڭ بېيىشىنى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىشىنى، جۇڭگونىڭ گۈزەللىشىشىنى ماس ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

## 4. يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش

(23) ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بىز قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ تۈپ سەۋەبىنى يىغىنچاقلىغاندا: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئاچتۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورناتتۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇردۇق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى تۈپ كاپالەت، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەدەنىيىتى مەنىۋى كۈچ، بۇ تۆتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، جەزمەن يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك.

(24) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلققە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ بېرىشنىڭ مۇقەررەر يولى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. بۇ يولدا ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ھەمدە باشقا تەرەپلەردىكى قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ھەم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەم بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دۆلىتىمىز تارىخىي مەدەنىيىتى ئانا بېتىنىڭ ئاددىيلا داۋاملىشىشى ئەمەس، ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان قېلىپقا ئاددىيلا تەقلىد قىلىش ئەمەس، باشقا دۆلەتلەر سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ قايتا نەشرى ئەمەس، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىمۇ ئەمەس.» ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، شۇنداقلا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىردىنبىر توغرا يول. باشقا بىر يول ئەمەس، پەقەت مۇشۇ يوللا جۇڭگونى ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىيەلەيدۇ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرالايدۇ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

(25) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى پارتىيە ۋە خەلقنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان توغرا نەزەرىيە، دەۋرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدىغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ئىلمىي نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە سىستېمىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نەزەرىيە سىستېمىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، يېڭى دەۋر شارائىتىغا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەم ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىدە جانلىق، كونكرېت چىڭ تۇرۇلدى، ھەم ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنى جانلىق، كونكرېت راۋاجلاندۇردى، ماركسىزمغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ «يېڭى نۇسخىسى»نى يېزىپ چىقتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنى ھەرگىز يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، يوقىتىپ قويساق ئاساستىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر، ھازىر بىز قىلىۋاتقان ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، ماركسىزم نەزەرىيەسىنى قوللىنىشنى كۆزلەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتا نەزەرىيە جەھەتتىن ئويلىنىشنى كۆزلەپ، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىشىمىز كېرەك.

(26) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ تۈزۈم كاپالىتى بولۇپ، روشەن تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە، قۇدرەتلىك ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىلغار تۈزۈم. بۇ تۈزۈمدە، تۈپ سىياسىي تۈزۈم، ئاساسىي سىياسىي تۈزۈم بىلەن قانۇن سىستېمىسى، ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە - مېخانىزم قاتارلىق كونكرېت تۈزۈملەرنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، دۆلەت قاتلىمىدىكى دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك تۈزۈمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتىدە چىڭ تۇرۇلدى، ھەم قەدىمكى بىلەن ھازىرقى، جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىلىق نەتىجىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىندى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئالاھىدىلىكى روشەن، ئۈنۈمى مول، لېكىن يەنە مۇكەممەل ۋە تولۇق ئەمەس، پىششىق يېتىلىپ تۇراقلاشقانمۇ ئەمەس. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يەنە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھازىر بار بولغان تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ۋاقتىدا بەزى يېڭى تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك.

(27) جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق مەدەنىيەتكە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنىۋى ئىستىكى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە مەنىۋى بەلگىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ. بۇ مەدەنىيەت جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىلدىن كۆپرەك مەدەنىيلىك تارىخى بارلىققا كەلتۈرگەن جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ياراتقان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تاۋلاپ چىققان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يىلتىز تارتقان.

پارتىيەمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەدەنىيىتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشنى تەكىتلەپ، يۈكسەك مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى ۋە مەدەنىيەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىجادىي خاراكتېرلىك ئايلاندۇرۇشقا، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەسلىنى ئۇنتۇماي، سىرتتىن قوبۇل قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلقنى مەنىۋى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى.

(28) باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۈگۈنكى دۇنيادا، قايسىبىر پارتىيە، قايسىبىر دۆلەت، قايسىبىر مىللەتنى ئۆزىگە ئىشىنىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئەڭ ھەقلىق».

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن ئىلىم - پەن مەھسۇلى. بىزنىڭ يول ئىشەنچىمىز، نەزەرىيە ئىشەنچىمىز، تۈزۈم ئىشەنچىمىز، مەدەنىيەت ئىشەنچىمىز ئەمەلىيەتتىن كەلگەن، خەلقتىن كەلگەن، ھەقىقەتتىن كەلگەن. «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتقاندا، ھېچنېمىدىن قورقماي بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا باتۇرلارچە يۈزلىنەلەيمىز، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى زېمىن ئاچالايمىز، يېڭى مۆجىزە يارىتالايمىز.

## 5. 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

(29) جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جەزمەن نەزەرىيە ئىشەنچى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى كۈچەيتىپ، قايتا - قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چېنىقتۇرۇلغان توغرا نەزەرىيە، ئۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەۋر ئۆزگىرىشى ۋە ئەمەلىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش جەريانىدا، 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ماركسىزم ئىلمىي نەزەرىيە، ئۇ خۇددى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن سەلتەنەتلىك قۇياشقا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ تارىخنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىنى يورۇتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدا، ھېچقانداق بىر ئىدىيە ماركسىزمدەك يۈكسەكلىككە يېتەلىگەن ئەمەس، ھېچقانداق بىر ئىدىيە ماركسىزمدەك ئىنسانلار تەرەققىياتىغا بۇنچىلىك كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلىگەن ئەمەس. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىپ ھازىرغىچە، مەيلى دەۋر قانداقلا ئۆزگەرسۇن، ئىلىم - پەن قانداقلا ئىلگىرىلىسۇن، ماركسىزم يەنىلا ئىلمىي ئىدىيەنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلماقتا، يەنىلا ھەقىقەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزمنىڭ سادىق ئېتىقادچىللىرى، مۇستەھكەم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلىرى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ماركسىزم بىز كوممۇنىستلارنىڭ ‹ھەقىقىي نوم›ى، ‹ھەقىقىي نوم›نى ياخشى ئوقۇماي، ھەمىشە ‹غەربكە بېرىپ نوم ئەكىلىش›نىڭلا كويىدا يۈرسەك، چوڭ ئىشلارغا دەخلى يېتىدۇ!» ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە، بىز جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

(30) ھەرقانداق ئىلمىي نەزەرىيە ۋە تۈزۈم، جەزمەن يەرلىكلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي تۇردە رول ئوينىيالايدۇ. پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ماركسىزمنىڭ تەقدىرى ئاللىبۇرۇنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەقدىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەقدىرى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ھەقىقەتلىكى جۇڭگودا تولۇق سىناقتىن ئۆتتى، ئۇنىڭ خەلقچىللىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى جۇڭگودا تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئوچۇق خاراكتېرى ۋە دەۋر خاراكتېرى جۇڭگودا تولۇق نامايان قىلىندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تارىخ ۋە خەلقنىڭ ماركسىزمنى تاللىغانلىقى تامامەن توغرا بولغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى ئۆزىنىڭ بايرىقىغا يېزىشى تامامەن توغرا بولغان، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش، دەۋرلەشتۈرۈش، ئاممىباپلاشتۇرۇشنى بوشاشماي ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرغانلىقى تامامەن توغرا بولغان.

ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتا، دوگماتىزملىق پوزىتسىيە قوللىنىشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا پراگماتىزملىق پوزىتسىيە قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. ھەممىدە ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئۈزۈندىلىرىدىن پايدىلىنىپ سۆزلەش، ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرى دېمىگەن سۆزلەرنى دېيىشكە بولمايدۇ دېيىش، بۇ ماركسىزملىق پوزىتسىيە ئەمەس. ئوخشاشلا، ئېھتىياجغا ئاساسەن بىر توپ ئۈزۈندىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ھەممىنى ماركس، ئېنگېلس ئەينى يىلى دېگەن دەپ، جانلىق ئەمەلىيەت تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى زورمۇزور «كېسىپ ئېلىۋېتىش»مۇ ماركسىزملىق پوزىتسىيە ئەمەس. دەۋر بىلەن تەڭ قەدەم ئېلىپ، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، دەۋر ۋە ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور تېمىلارغا دىققەت قىلىش ۋە جاۋاب بېرىش ماركسىزمنىڭ جانلىق ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىدىكى سىرىنىڭ مەنبەسى. ئىلىمگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەقىقەت روھى ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئىنتىلىپ، ماركسىزمغا ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇش كېرەك.

ماركسىزم دەۋر، ئەمەلىيەت، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ئوچۇق نەزەرىيە سىستېمىسى، ئۇ ھەقىقەتنى ئەسلا ئاخىرلاشتۇرمىدى، بەلكى ھەقىقەتكە ئۆتۈشىدىغان يولنى ئاچتى. ھازىرقى زامان جۇڭگودا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ تارىخىي غايەت زور ئۆزگىرىشتە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشقا جۇڭگونىڭ ئىجادىي تۆھپىسىنى قوشۇشقا تېخىمۇ سالاھىيىتى بار، تېخىمۇ ئىقتىدارى بار. ماركسىزمدىن پايدىلىنىپ دەۋرنى كۆزىتىش، دەۋرنى چۈشەندۈرۈش، دەۋرنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭرى نەزەر دائىرە بىلەن ئىنسانلار ياراتقان بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ جانلىق، مول ئەمەلىيىتى بىلەن ماركسىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچى بولغان ھەقىقەت كۈچىنى نامايان قىلدۇرۇش كېرەك.

## 6. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك

(31) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخى پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان تارىخ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ راۋاجى، جەزمەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك».

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىي ئىش بولۇپ، ئىلگىرىلەش يولىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بىرقانچە ئون يىللىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، بىزنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى يۈكسەكلىككە يەتتى، بۇ نۇقتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمى يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز يەنە ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن مۇھىم، زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ نۇقتىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. شەيئىلەرنى تونۇشقا بىر جەريان كېتىدۇ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت جۇڭگودا ئاران نەچچە ئون يىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن بۇ يېڭى شەيئىگە قارىتا بىزنىڭ تونۇشىمىز ۋە ئۇنى ئىگىلىشىمىز يەنىلا ئىنتايىن چەكلىك. ئىشلار قانچىكى تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىسلاھات قانچىكى چوڭقۇرلاشقانسېرى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە شۇنچە كۆپىيىدۇ، دۇچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ، يۈزلىنىدىغان ئەمما تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپىيىدۇ. جەزمەن ماركسىزملىق تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا بايقىشىمىز، ئىجاد قىلىشىمىز، ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

(32) جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ياخشى چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش تەڭداشسىز ئۇلۇغۋار ئىش، شۇڭا ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ بىر ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ ۋەزىپىسى، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ياخشى ئېلىپ بېرىش. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ، تەرەققىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى، نەزەرىيە ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرىلىتىشىمىز كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەندىكى يېڭى تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، دۆلەت ئىچى - سىرتى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا نەزەرىيەنى تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق تاماملاپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك ساھەلەردىكى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە باشقا ھەرقايسى تەرەپلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىدىيە قاراش ۋە تۈزۈلمە - مېخانىزمدىكى بارلىق ئىللەتلەرنى كەسكىن تۈگىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىمىزنىڭ چوڭ ئىشى دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك پىلانلاپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى غەم - ئەندىشىلەرنى كۆپرەك تۈگىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىر مەيدان ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ھەمىشە بىر ئۇزاق تارىخىي جەريان كېتىدۇ. تۈنۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەت بۈگۈندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئىلگىرىكى شانلىق نەتىجىلەر كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ شانلىق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز غەلىبىمىز ئۈچۈن پەخىرلەنسەك ھەرگىز بولمايدۇ، نەتىجىمىز ئۈچۈن بوشىشىپ قالساق ھەرگىز بولمايدۇ، قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن چېكىنسەكمۇ ھەرگىز بولمايدۇ، جەزمەن باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن قىيىنچىلىققا دادىل يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى تولۇق زىممىگە ئېلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزىنى بېرىشىمىز كېرەك.

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**